


# دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى باھالاندى، بېرىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى (چې شىڭ)** 2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى بېرىش مۇراسىمى خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يۈ مىن قاتارلىق سەككىز كىشىگە جۇمھۇرىيەت ئوردېنى بەردى، رائۇل كاسترو رۇز قاتارلىق ئالتە كىشىگە دوستلۇق ئوردېنى بەردى، يې پېيجيەن قاتارلىق 28 كىشىگە دۆلەت شەرىپى نامى بەردى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى، ۋاڭ خۇنىڭ شى جىنپىڭ ئىمزا قويغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ پەرمانىنى ئوقۇدى.

جۇڭخۇا مىللىتى ئەزەلدىن قەھرىمانلارنى ھۆرمەتلەپ كەلگەن، پارتىيە ۋە دۆلەت ئەزەلدىن قەھرىمان نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلەشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، ئەۋلادمۇئەۋلاد يېڭى جۇڭگونىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن قۇرغۇچىلىرى ۋە ئاددىي ئەمگەكچىلىرى كۈچ ئۆلاپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ ۋە جان تىكىپ ئىشلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشۇپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك مۆجىزىلەرنى قولغا كەلتۈردى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۆھپە، شەرەپنى تەقدىرلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بەردى، 2015 - يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۆھپە، شەرەپنى تەقدىرلەش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى قانۇنى»نى ئېلان قىلدى؛ 2017 - يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «دۆلەتنىڭ تۆھپە، شەرەپنى تەقدىرلەش نىزامى»نى بېسىپ تارقاتتى.

2019 - يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامىنى مەركەزلىك باھالاش، بېرىشنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «دۆلەت ئوردېنى ۋە شەرەپ نامى بېرىشنى بەلگىلەيدۇ ۋە قارار قىلىدۇ»، دۆلەت رەئىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، «دۆلەت ئوردېنى ۋە شەرەپ نامى بېرىدۇ». پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، باھالاش ۋە تەقدىرلەش خىزمىتى 2019 - يىلىنىڭ بېشىدا باشلىنىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۆھپە، شەرەپنى تەقدىرلەش خىزمىتى كومىتېتى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى، سىستېما بويىچە باھالىغۇچى ئورۇنلارنىڭ رەتكە تىزىش پىكرىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئاساسىدا، ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، تۆھپە - نەتىجە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي تۆھپىنى ئەڭ مۇھىم ئۆلچەم قىلىپ، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇش، ئەخلاق - پەزىلەتتە ئالىيجاناب بولۇش، ئاممىۋىيلىق ئېتىراپ قىلىش ئاساسىي تەلىپىدە چىڭ تۇرۇپ، تەكلىپ نامزاتلىرىنىڭ خەلقنىڭ ۋە ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئومۇميۈزلۈك سېلىشتۇرۇپ سايلاش، ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش، نامزاتلارنى تەكشۈرۈش، پۈتۈن مەملىكەتتە ئاشكارىلاش قاتارلىق ھالقىلار ئارقىلىق «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى» جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە دۆلەتنى قوغداشتا غايەت زور تۆھپە قوشقان، كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان كۆزگە كۆرۈنگەن زاتلارغا بېرىلىدىغان؛ «دوستلۇق ئوردېنى» دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان چەت ئەللىكلەرگە بېرىلىدىغان؛ دۆلەت شەرىپى نامى ئىقتىساد، جەمئىيەت، دۆلەت مۇداپىئەسى، دىپلوماتىيە، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردە مۇھىم، زور تۆھپە قوشقان، يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە كۆزگە كۆرۈنگەن زاتلارغا بېرىلىدىغان بولدى. دۆلەت بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، رەئىس شى جىنپىڭ رەئىس پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، تۇنجى قېتىم يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان تۆھپىكار نەمۇنىچى شەخسلەرگە دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى بەردى.

دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىقى بولۇپ، ئىجادىي ئەھمىيەتكە ئىگە، ئاساسىي قانۇننىڭ دۆلەت تۆھپە، شەرەپ تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى مۇھىم ئەمەلىيىتى بولۇپ، ئاساسىي قانۇن روھى نامايان قىلىنغان، تۆھپىكار نەمۇنىچىلارنىڭ تارىخىي تۆھپە - نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۈلگە تىكلەش، بايراق تىكلەش بولۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەۋج ئالدۇرۇش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.




# خۇداۋەدى توختى: ئۇلۇغۋار روھتىن كۇئېنلۇن تەسىرلەندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لىيۇ بىڭ)** شىنجاڭ پوسكام ناھىيەسىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۆرگەزمە سارىيىدا، چۈشەندۈرگۈچى ھەر قېتىم كۆرۈرمەنلەرنى باشلاپ 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى خۇداۋەدى توختىنىڭ سۈرىتى ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ يۇرتىنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىنى ھەممىدە زوراۋان - تېررورچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىغا ئۇچرىغاندا قەھرىمانلارچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، بەختكە قارشى قۇربان بولغان قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇرغاندا، كۆپچىلىك قايغۇرماي تۇرالمايدۇ.

خۇداۋەدى توختى 1945 - يىلى تۇغۇلغان، شىنجاڭ پوسكام ناھىيەسىدىن. ئۇ 1962 - يىلى 9 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، 1966 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، پوسكام ناھىيەسى پوسكام يېزىسىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خاس ۋەكىلى، ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى، جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى، پوسكام يېزىلىق ساقچىخانىسىنىڭ جىداۋيۈەنى بولغان.

كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئېتىكىگە، يەكەن دەرياسى بويىغا جايلاشقان پوسكام ناھىيەسىنىڭ يېرى مۇنبەت، مەنزىرىسى گۈزەل. خۇداۋەدى توختى بۇ تۇپراقنى چوڭقۇر سۆيەتتى، ئۇ پوسكام ناھىيەسىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئۇزاق مۇددەت كۆرەش قىلىپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، ئاممىنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، دۆلەتنىڭ سىياسەت ۋە قانۇنلىرىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئاممىنىڭ غەم - ئەندىشىسىدىن قۇتۇلۇشىغا قىزغىن ياردەم بېرىپ، تەۋەلىكىنىڭ ئامانلىق تەرتىپىنى كۈچلۈك قوغداپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

خۇداۋەدى توختى باشتىن - ئاخىر دۆلەتنىڭ قانۇن، قانۇن - نىزاملىرى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەيدانىدا تۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى پائال پەسەيتتى. 1997 - يىلى 6 - ئايدا، پوسكام ناھىيەسىنىڭ پوسكام يېزىسى 4 - كەنتىدىكى بىر ئۇيغۇر كەنت ئاھالىسى بىلەن بىر خەنزۇ كەنت ئاھالىسى يەر سۇغىرىش، سۇ تۇتۇش سەۋەبلىك جېدەللىشىپ قالغان، دېلونى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، خۇداۋەدى توختى دېلودىكى توغرا - خاتالىقنى باھا بېرىش ئاساسىدا، ئادىل مۇرەسسە قىلغان ھەم نەق مەيداندىكى ھەر مىللەت ئاممىغا: «قانۇن ئالدىدا، كۆپچىلىكنىڭ مىللەت ئايرىمىسى يوق، پەقەت قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش بىلەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش پەرقى بار. مەيلى كىم بولسۇن، قانۇن، قانۇن - نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، قانۇننىڭ جازاسىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك» دەپ تەربىيە بەرگەن.

پوسكام ناھىيەسى جەنۇبىي شىنجاڭغا جايلاشقان بولۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بېرىشنىڭ ئالدىنقى بازىسى. «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى كۆرەشتە، خۇداۋەدى توختى مەيدانى مۇستەھكەم، باتۇر، قورقماس بولۇپ، كۆپ قېتىم جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ قورقۇتۇشى، تەھدىت سېلىشىغا ئۇچرىغان ئەھۋالدا، قىلچە چېكىنمەي، قەتئىي ھالدا تىغمۇتىغ كۆرەش قىلىپ، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ئۆسۈپ كەتكەن نوخلىسىغا ئېغىر زەربە بېرىپ، يۇرتىنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر قېتىم شەخسىي 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، بىر قېتىم تەقدىرلەنگەن، ئالتە قېتىم ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالانغان.

1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سەھەردە، ئۇزاقتىن بۇيان يامان غەرەزدە يۈرگەن زوراۋان - تېررورچى ئۇنسۇرلار خۇداۋەدى توختىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇن كىرىپ، ئۇنىڭدىن غالجىرلىق بىلەن ئۆچ ئالغان. ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئۇ زوراۋان - تېررورچى ئۇنسۇرلارنىڭ قورال - ياراغلىرى ئالدىدا قورقماي، ئالاقزادە بولماي، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق تۇرۇپ، يەنىلا ئىككى مۇشتىنى ئويىنىتىپ بىر توپ دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئېلىشقان، لېكىن ئۆزى يالغۇز بىر توپ دۈشمەنگە كۈچى يەتمىگەچكە، رەھىمسىز زوراۋان - تېررورچى ئۇنسۇرلار قىلىچ بىلەن ئارقا - ئارقىدىن 34 قېتىم چاپقاندىن كېيىن، لەختە - لەختە قان ئىچىگە يىقىلغان.

كۆز يەتكۈسىز كۇئېنلۇن قايغۇرۇپ ياش تۆكتى، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان يەكەن دەرياسى ئۆكسۈپ يىغلىدى. خۇداۋەدى توختى قۇربان بولغاندىن كېيىن، پوسكام ناھىيەسىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى خۇددى سەلدەك ئۇنىڭ ماتەم مۇراسىمى مەيدانىغا يىغىلىپ، كۆز يېشى بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى. 2000 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى خۇداۋەدى توختىغا مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى.

# مەن ئۈمىدكە تولغان تۇرمۇشقا ئېرىشتىم

(بېشى 1 - بەتتە)

2006 - يىلى مەن ھەببە مەتسىدىق بىلەن توي قىلدىم. تويىنىڭ ئەتىسى خوتۇنۇمغا: بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ رۇخسىتىمسىز سىرتقا چىقمايسەن، ئاياللار تاپقان پۇل «مۇسۇلمانچە ئەمەس»، شۇڭا سىرتقا چىقىپ خىزمەت قىلساڭ بولمايدۇ، دېدىم. ئەينى چاغدا خوتۇنۇم چۆچۈپ كېتىپ ھاڭ - تاڭ قالغانىدى. ئۇ مېنى چاقچاق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. ئۇ مېنىڭ تەلىپىم بويىچە ئىش قىلمىغاندا، مەن ئۇنى جەننەتكە كىرىش يولۇمغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ ناھايىتى غەزەپلەندىم، بىر كۈنى تاكاللىشىپ قېلىپ، مەن خوتۇنۇمنى قاتتىق ئۇردۇم. شۇنىڭدىن كېيىن خوتۇنۇم مېنىڭ تەلىپىم بويىچە سىرتقا چىقمىدى، باشقا دوستلىرى بىلەنمۇ بېرىش - كېلىش قىلمىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي باللىق بولدۇق. بالام ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، مەن بالامنى مەكتەپكە بارغۇزمىدىم، ئاغرىپ قالسا دوختۇرخانىغا ئاپارمىدىم. ھەر قېتىم بالام ئەتراپتىكى قۇرداش دوستلىرىنىڭ سومكىسىنى ئېسىپ مەكتەپكە ماڭغىنىنى كۆرگەندە، ھەۋەسلىنىپ قاراپ قالاتتى. بىر كۈنى بالام ماڭا: دادا، مېنىڭمۇ ئوقۇغۇم بار، دېدى. مەن دەرھال ئۇنىڭغا: مەكتەپتە ئوقۇغانىڭ پايدىسى يوق، ماڭا ئەگىشىپ قۇرئان ئۆگەنگىنىڭ دۇرۇس ئىش، دەپ ۋارقىرىدىم. مېنىڭ ھەر خىل ئەسەبىي قىلمىشلىرىم تۈپەيلىدىن، خوتۇنۇم ۋە بالام ئازاب - ئوقۇبەتتە، خۇددى باشقا بىر دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك، بۇ رېئال جەمئىيەتكە پۈتۈنلەي ئارىلىشالمايتتى.

ئائىلەمدىكىلەر مېنىڭ بۇ ئەسەبىي قىلمىشلىرىمدىن ئىنتايىن بىئارام بولدى. ئۇلارنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن قىلغان نەسىھەتلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆز قىلمىشلىرىم ئۈستىدە قايتا ئويلىنىپ، كېرىيە ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىشقا تىزىملاتتىم.

ھاياتىمنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى مۇشۇ يەردىن باشلاندى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كەلگەندىن كېيىن، مەن بۇ يەرنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئۆيۈمدىكىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، تەلىم - تەربىيە مەركىزى بىزنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىمىزگە ھۆرمەت قىلدى، تاماق، ياتاق بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى، مەن دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەت ئۆگەندىم. ئوقۇتقۇچىم دائىم مەن بىلەن سىرداشلىشىپ، پاراڭلىشىپ كۆڭلۈمدىكى چىگىچلەرنى يېشىپ بەردى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر قېتىم خوتۇنۇم مەن بىلەن سىنىدا سۆزلىشىپ، بالىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى، ئوقۇتقۇچىم ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال ئاپتوموبىل بىلەن مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويدى ھەممىدە بالامنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا بىللە باردى، يەنە داۋالىنىش پۇلىنى تۆلەپ بەردى. ئەتىسى بالام ھوشىغا كەلدى. مەن ئىلگىرى «كاپىر» دەپ قارىغان كىشىلەرنىڭ ماڭا خالىس ياردەم بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمگە: جەننەت قەيەردە؟ بەخت دېگەن نېمە؟ دەپ سوئال قويدۇم. ئاشۇ جەننەتكە كىرىسەن دەيدىغان سەپسەتىلەر مېنى ۋە ئائىلەمدىكىلەرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىكەن.

«ئاساسىي قانۇن» «جىنايى ئىشلار قانۇنى» «تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنىڭ ئەسلىي تېكىستىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، بەزى دېلو مىساللىرى لېكسىيەلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەن «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسى ۋە خەۋپىنى ئۇزۇل - كېسىل ئېنىق تونۇدۇم، ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىمنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىۋاتقان مەزگىلىمدە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەرگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى، كادىرلار دائىم ئۆيۈمگە بېرىپ زىيارەت قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلدى. ھەر قېتىم ھەپتە ئاخىرىدا ئۆيگە قايتقىنىمدا، خوتۇنۇم ھەمىشە ماڭا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە ياردەم قىلىپ قانداق ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى، ئائىلىمىزدە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. خوتۇنۇمنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان تەبەسسۇمىنى كۆرۈپ، ئىلگىرى خوتۇنۇم ۋە بالامغا قىلغانلىرىمنى ئېسىمگە ئېلىپ، كۆڭلۈم ناھايىتى بىئارام بولدى.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، مەن ئېلېكترونلۇق سودا كەسپىنى تاللاپ ئۆگەندىم. تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن بىر تاللا بازىرى ئېچىپ، ئۇششاق يېمەكلىك، ئۆزگىچە قۇرۇق مېۋە - چېۋە، يەنە باللار كىيىمى ھەم تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ساتتىم. تاللا بازىرىمىزنىڭ سودىسى بەك ياخشى، كۈندە 3000 - 2000 يۈەنلىك سودا بولىدۇ. مەن يەنە خوتۇنۇمنى ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈردۈم، تاللا بازىرىدىكى ماللارنى ئىككىمىز تاللىغان. ھازىر مەن باللىرىمنىڭ ئۆگىنىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىمەن، ھەر كۈنى ئۇلارنى مەكتەپكە ئاپىرىپ ئەكېلىمەن، ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىمەن، بىز ناھايىتى بەختلىك ياشاۋاتىمىز.

كېيىنكى قەدەمدە، مەن ئۆگەنگەن ئېلېكترونلۇق سودا بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ تور دۇكىنى ئېچىپ، توردا مال كىرگۈزمەكچى، مال ساتماقچى بولۇۋاتىمەن. مەن يەنە كېرىيە ناھىيە بازىرىدا بىرنەچچە تارماق دۇكان ئېچىپ، نامرات ئاھالىلەرنى كۆپرەك ئىشقا قوبۇل قىلىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلاۋاتىمەن.

**(گېزىتىمىز مۇخبىرلىرى شىې خۇيبىيەن، جېڭ جو رەتلىگەن)**

# «مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشكە كۈچ مۇجەسسەملىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئۆيىمىزدىكى قويلارنىڭ ھەممىسىنى ھاۋالىلىك بېقىش - كۆپەيتىش ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىغا ئاپىرىپ بەردۇق، ھەر يىلى يەنە پايدا تەقسىملىنىدۇ، ھازىر مەن ناھىيەدىكى پايپاق زاۋۇتىدا خاتىرجەم ئىشلىيەلەيدىغان بولدۇم» دېدى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، كەلپىن ناھىيەسىنىڭ گەزلىك بازىرى سۇ بېشى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى راخمان ئەمەت تېلېفوندا مۇخبىرغا. راخمان ئېيتقان ھاۋالىلىك بېقىش - كۆپەيتىش ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى شىنجاڭ كەلپىن شىياڭياڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى بەرپا قىلغان «شىركەت يېتىشتۈرۈش+بازا چېتىشتۇرۇش+دېھقان ئائىلىلىرى بورداش+كارخانا سېتىش» يېڭىچە چارۋىچىلىق كەسپى تەرەققىيات بازىسى ئىكەن، بۇ شىركەت نامرات ئائىلىلەر بىلەن ھاۋالىلىك بېقىش - كۆپەيتىش كېلىشىمى ئىمزالاش ئارقىلىق، نامرات ئائىلىلەرنىڭ قويلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بېقىپ كۆپەيتىپ، ھاۋالە قىلىپ بېقىلغاندىن كېيىن نامرات ئائىلىلەرگە ھەر يىلى ھەربىر قوي ئۈچۈن 10% نىسبەت بويىچە پايدا تەقسىملەپ بېرىدىكەن. بۇ يىل 10 - ئايدا، بۇ شىركەت مەملىكەت بويىچە «ئونمىڭ كارخانا ئونمىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» بويىچە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ھەرىكىتىدىكى ئىلغار پۇقراۋى كارخانا بولۇپ باھالاندى.

بۈگۈنكى كۈندە، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ياردەم بېرىش - يۆلەش شەكلى كۈنسېرى كۆپ خىللاشتى، مەبلەغ سېلىش تۈرلىرى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، پۇل ۋە نەرسە ئىئانە قىلىشنى ئاساسلىق شەكىل قىلىشتىن نامراتلارنى يۆلەش سېخى، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق يېڭى ئەندىزە، يېڭى كەسىپ ھالەتلىرىگە تەرەققىي قىلدى، يەنە كېلىپ بارغانسېرى تۈجۈپىلەشتى.

ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى دەل جايىدا كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئارقىلىق، خوتەن شەھىرىنىڭ يۇرۇڭقاش بازىرى ئالتىلە كەنتى ۋە قىرىقېرىق كەنتىنىڭ «قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بەردى، ھەم 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ «ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتى چەكلىك شىركىتى خوتەن نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش بويىچە كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش فوندى»نى تەسىس قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار كۆپ، يېتەكلەش كۈچى كۈچلۈك، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈنۈمى ياخشى بولغان تۈرلەرنى قوللاپ، فوند سېلىنمىسى ئارقىلىق ئېرىشكەن پايدىنى ياردەم بېرىپ يۆلەيدىغان نامرات ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا، تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئىشلەتتى. ھازىرغا قەدەر، 350 مىڭ يۈەن پايدا تەقسىملەشنى ئىشقا ئاشۇردى، 250 ئائىلە نەپكە ئېرىشتى، كىشى بېشىغا كۆپەيگەن كىرىم 1400 يۈەن بولدى، 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تەقسىملىنىدىغان پايدا 600 نەچچە مىڭ يۈەنگە يېتىدىكەن.

بۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ «مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» بويىچە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ھەرىكىتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۇقراۋى ئىگىلىك بايلىقىنى كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئاممىۋى پاراۋانلىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق باشقۇرۇش، تېخنىكا، ئۇچۇر، ئىختىساسلىقلار، مەبلەغ قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىشقا كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىدىكەن. ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى يەنە مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى داڭلىق پۇقراۋى كارخانىلارنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەش، سەپەرۋەر قىلىشنى پائال ئۇدۇللاشتۇرۇپ، قولغا كەلتۈرۈپ، 2019 - يىللىق «پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرى» پائالىيىتىگە ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىپ، تۈرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىش ۋە مۇلازىمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدىكەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، ئالتايدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تۆمۈريول تىجارەت مۇساپىسى ھازىرقى 760 كىلومېتىردىن 640 كىلومېتىرغا قىسقىرايدۇ، يۈرۈش ۋاقتى تەخمىنەن ئىككى سائەت قىسقىرايدۇ، بۇ لىنىيە بويىدىكى رايونلارنىڭ قېزىلما بايلىقلىرىنى ئېچىش، رايون يول تورى قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، لىنىيە بويىدىكى ئاھالىلەرنىڭ سەپەر شارائىتىنى ياخشىلاش، ساياھەت بايلىقىنى ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىقلاردا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىگىلىنىشىچە، شىنجاڭدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان شىنجاڭدىن چىقىدىغان شىمالىي، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئۈچ تۆمۈريولى ئىچىدە، ئوتتۇرا يول لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى، لەنجۇ - شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولىنىڭ چوڭ ئارتېرىيەلىك رولى گەۋدىلىك ئىكەن، شىمالىي يولدىكى قومۇل - ئېجىنا تۆمۈريولى پۈتۈپ قاتناش باشلانغان، جەنۇبىي يولدىكى گولمۇد - كورلا تۆمۈريولى چىڭ تۇتۇپ ياسىلىۋېتىپتۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)